


### كەلپىن ناھىيەسىدە خۇياڭ قويى باقمىچىلىقىنىڭ تەننەرخى تۆۋەن بولدى، تۆللەش نىسبىتى يۇقىرى بولدى

# «شياڭياڭ» خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جىڭ بو، زوۋ يى، ئەن شيۇ، يىن تۈگيۈەن

كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك بازىرى پاسۇڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئاۋۇت مامۇت ھەممىشە خۇشال يۈرىدۇ، ئۇ قوي بېقىشقا تايىنىپ، نامرات ئائىلە دېگەن «قالپاق»نى تاشلىدى.

ئاۋۇت باققان خۇياڭ قويى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇجۇ شەھىرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك قوي نەسلى بولۇپ، تۆللەش نىسبىتى يۇقىرى، گۆشى مەززىلىك، بېقىش تەننەرخى تۆۋەن ئىدى.

بۇ كۈنكى كۈندە، كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر قىسىم نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە، باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ھەم باقمىچىلىق كارخانىسى — كەلپىن ناھىيەسى شياڭياڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ ھەممىسىدە خۇياڭ قويىنىڭ سىيماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى قوي باقمىچىلىقى بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقنى بېيىتىش كەسپىگە ئايلاندى.

### كىرىم خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى

«مانا بۇ خۇياڭ قويى، بىر قېتىمدا ئۈچنى تۆللىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس» دېدى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاۋۇت قوتاندىكى خۇياڭ قويىنى كۆرسىتىپ پەخىرلەنگەن ھالدا.

ئاۋۇت ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە بولۇپ، ئون نەچچە يىل قوي باققان بولسىمۇ، لېكىن يىل - يىللاپ قوي بېقىپ يىلدىن - يىلغا نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. 2015 - يىلدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى توققۇز تۇياق نامراتلارنى يۆلەش قويىنى تاپشۇرۇۋالدى، «ئالغىنىم خۇياڭ قويى، يېڭى نەسىل، بىر قېتىمدا ئىككىنى تۆللەيدۇ» دېدى ئاۋۇت.

ئىلمىي بېقىشقا يۇقىرى تۆللەش نىسبىتى قوشۇلۇپ، ئۇ قوي بېقىشنىڭ تەمىنى تېتىدى، 2019 - يىلى، خۇياڭ قويى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم ئېلىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ باشلامچى بولۇپ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ ھاۋالىلىك قوي بېقىپ بېرىۋاتىدۇ، كۈنلىرى قاينام - تاشقىنلىققا تولدى.

«كەلپىن ناھىيەسىدە ئەزەلدىن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قوي بېقىش ئەنئەنىسى بار، ئەمما يەرلىك قويلارنىڭ ھەممىسى يىلدا بىرنى تۆللەيدىغان نەسىل بولغاچقا، كۆپ پۇل تاپقىلى بولمايدۇ» دېدى كەلپىن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋۇ لىن.

2014 - يىلدىن باشلاپ، جېجياڭ ئۆلكىسى خۇجۇ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق شتابى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىمدا 4600 تۇياق خۇياڭ قويىنى يۆتكەپ شىنجاڭغا كىرگۈزدى. خۇياڭ قويى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا توغرا كېلەتتى، كەلپىن ناھىيەسى شياڭياڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى.

«ئالتە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، خۇياڭ قويى بۇ يەرنىڭ مۇھىتى ۋە ھاۋاسىغا ماسلىشىپ، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى ياخشى ياردەمچىگە ئايلاندى» دېدى ۋۇ لىن.

بۈگۈنكى كۈندە، كەلپىن ناھىيەسىدە قوينىڭ ئەڭ كۆپ بېقىلىش مىقدارى 500 مىڭ تۇياققا يېتىپ، بېقىلغان قوي كىشى بېشىغا يەتتە تۇياقتىن ئارتۇق توغرا كەلدى، يىللىق كىشى بېشى چارۋىچىلىق كىرىمى 2500 يۈەندىن ئېشىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ئائىلىسى قوي باقمىچىلىقى ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### تۇرمۇش خۇشاللىققا تولدى

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، كەلپىن ناھىيەسى شياڭياڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانىدا، 48 ياشلىق ئابدۇسالام مەمەت قويلارغا يەم - خەشەك بېرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى، ئۇ تۆت قوتاندىكى 1000دىن ئارتۇق قويغا قاراشقا مەسئۇل بولۇپ، ھەر ئايدا 3500 يۈەن مائاش ئالىدۇ.

ئابدۇسالام كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۇرچى يېزىسى يۇقىرىس كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، قوي بېقىش ماھىرى. ئىككى بالىسىنى داشۆدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن، ئۇ ئۆيىدىكى ئون نەچچە قويىنى سېتىۋەتكەن بولغاچقا، تېخنىكىسى بولسىمۇ، ئىشلىتەلمەي يۈرگەنىدى. 2017 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇ كەلپىن ناھىيەسى شياڭياڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ باقمىچىسى بولدى.

«بۇ يەردە مەن بىر ئۆمۈر كارغا كېلىدىغان قوي بېقىش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگۈدەم، نامرات ئائىلە دېگەن قالپاقنى ئېلىۋەتتىم، ئۆيگە يېڭىدىن سافا، توڭلاتقۇ ئالدىم، يەنە تاپقان پۇلۇمغا قوي، كالا سېتىۋالدىم.» ئابدۇسالام مۇنداق دېدى: «ھازىر ئائىلەمدە ئىككى تۇياق كالا ۋە 20 تۇياققا يېقىن قوي بار، خوتۇنۇم ئۆيدە بېقىۋاتىدۇ، مەن تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل. بۈگۈنكى كۈندە، داشۆدە ئوقۇۋاتقان قىزىمنىڭ چىقىمى ئۈچۈن ئەمدى غەم قىلمايدىغان بولدۇم، بۈگۈندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمغا بارغانسېرى ئىشەنچىم بار بولدى».

2018 - يىلى، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، كەلپىن ناھىيەسى شياڭياڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى كۆپەيتىلگەن قوزىلارنىڭ ھەربىرىنى بازار باھاسىدىن 150 يۈەن تۆۋەن باھادا نامرات ئائىلىلەرگە سېتىپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى خۇياڭ قويىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى ھەم بېقىش، يەم - خەشەك تەڭشەش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەپ، «شىركەت كۆپەيتىش+ دېھقان ئائىلىلىرى بورداش+كارخانا سېتىش» ئەندىزىسى بويىچە، نامرات ئاھالىلەرنىڭ خۇياڭ قويى باقمىچىلىقى ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى جيا جېن مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، «دېھقانلار+ئۆلچەملەشكەن باقمىچىلىق رايونى» ۋە «قوينى ھاۋالىلىك بېقىش» ئەندىزىسى بويىچە، شىركەت 503 ئائىلىلىك نامرات ئاھالە بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىق ئورناتتى، ھەربىر ئائىلىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەندىن ئارتۇق ئاشىدۇ.

### كەلگۈسى خۇشاللىققا تولدى

«خۇياڭ قويى ھەم ئاق، ھەم سېمىز، خۇددى ‹شياڭياڭ بىلەن خۇيتەيلاڭ› ناملىق كارتون فىلىمدىكى قويغا ئوخشاش، تۇرقى بەك چىرايلىق» دېدى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، كەلپىن ناھىيەسى كەيشۆەن قوي باقمىچىلىقى دېھقانلار كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى ئابدۇمەننان مىجىت.

ئابدۇمەننان 13 يېشىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ قوي باققان، قوي ساتقان. بۈگۈنكى كۈندە، 38 ياشقا كىرگەن ئۇ بىر قاراپلا قويىنىڭ قانچە كىلوگىرام كېلىدىغانلىقى، قانچە كىلوگىرام گۆش چىقىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

2000 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئابدۇمەننان ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ كىچىك قۇيرۇقلۇق خېنياڭ قويى، ۋادى قويى، بوئېر ئۆچكىسى قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كۆپ قېتىم تۆللەيدىغان، كۆپ تۆللەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە نەسلىنى يەرلىك قويىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈستىدە ئىزدەندى ھەم شەندۇڭنىڭ كىچىك قۇيرۇقلۇق خېنياڭ قويىنى كىرگۈزدى، ئەمما بىر يىلدىن كېيىنلا ۋاز كەچتى.

ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق ھېسابات قىلىپ بەردى: «ئوخشاشلا كىچىك قۇيرۇقلۇق قوي، كىچىك قۇيرۇقلۇق خېنياڭ قويى بىر كۈندە ئۈچ يۈەنلىك يەم - خەشەك يەيدۇ، ئەمما خۇياڭ قويى ھەر كۈنى بىر يۈەنلىكتىن كۆپرەكلا يەم - خەشەك يەيدۇ، بېقىش تەننەرخى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. ئىلگىرى بىز باققان يەرلىك قويلاردىن بىر يىلدا 5000 تۇياقلا قوتاندىن چىقىرىلاتتى، خۇياڭ قويى كۆپ قېتىم تۆللىگەچكە، كۆپ تۆللىگەچكە ھازىر بىر يىلدا 10 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي قوتاندىن چىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇياڭ قويىنىڭ قۇيرۇقى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، يەرلىك چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلارغا قارىغاندا گۆش چىقىش نىسبىتى يۇقىرى».

بۈگۈنكى كۈندە، ئابدۇمەنناننىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا بېقىلىۋاتقان قوي 4000 تۇياقتىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇياڭ قويى 1800 تۇياقتىن كۆپرەك بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 128 نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. كەلگۈسىگە نىسبەتەن، ئابدۇمەننان تولۇق ئۈمىدكە تولدى، «بۇنىڭدىن كېيىن، باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن بىللە، نەسىللەندۈرۈش، بېقىشتىن تارتىپ باشقۇرۇشقىچە بولغان ھەربىر ھالقىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئىشلەپ، سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى قوي بېقىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ‹كەلپىن قوي گۆشى› سۈپەتلىك ماركىسىنى بىلدۈرىمىز».

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(بېشى 1 - بەتتە)

باتۇرلۇق بىلەن سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئارقىدىن، شۆھرەت زاكىر شىنجاڭ ئەيىۋ ئوركېستىرىنىڭ رېپېتىتسىيە زالى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ رېپېتىتسىيە زالىغا كېلىپ، مىللىي سىمفونىيە ئەسىرى «مول ھوسۇل شادلىقى» ۋە ئۇسسۇل «داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىش»نى كۆردى. شۆھرەت زاكىر يۇرت - ئۆمەك قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئىجادىيەت، ئويۇن قويۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى سەممىي سورىدى، خەلق مەركەز قىلىنغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇشقۇن، ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان روھىنى نامايان قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى تەكىتلىدى.

سۆھبەتتە، شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەم شىنجاڭ سەنئەت يۇرتىنىڭ يۇرت - ئۆمەك مەسئۇللىرى، سەنئەتكارلار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت يۇرتى - ئۆمەكلىرىنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرى سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، بىر تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى، ساياھەتچىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىشلىرىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، بىر تەرەپتىن پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئەستايىدىل پىلانلاپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دەۋر تېمىسىغا يېقىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە يېقىن بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت نادىر ئەسەرلىرى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىدىيەۋىيلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى كامالەتكە يەتكەن، نەپىس ئىشلەنگەن تېخىمۇ كۆپ سەھنە سەنئىتى نادىر ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىپ، خەلقنىڭ گۈزەل مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت - ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكىنى كۈچەپ قېزىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق ساياھەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ساياھەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىش ئۈنۈم ئېففېكتىنى جارى قىلدۇرۇپ، 5G، ئۇچۇر، رەقەم تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى قوللىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوخشاش بولمىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان يېڭىچە مەدەنىيەت - ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت تەمىنات ئىقتىدارىنى سىجىل ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇشتىن بۇرۇن، چېن چۈەنگو جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىغا كېلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى يەتكۈزدى ھەم كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، باش شۇجىنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى ئۆگىنىش تەسىراتى توغرىسىدا كەڭ - كۆشادە پاراڭلاشتى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتى كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى، تولىمۇ ئىلھاملاندۇردى، ئىنتايىن روھلاندۇردى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تەلىمى ۋە سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، غايە - ئېتىقاد مەنۋىيىتىمىزنى پۇختىلاپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش يىلتىزىمىزنى چىڭىتىپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ھېسسىياتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، دەۋر بۇرچىنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ «چوڭ پېچ»تا تاۋلىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىن ئىبارەت «بىلەي تاش»تا چېنىقىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشلىق باھارىمىزنى جۇلالاندۇرىمىز.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قارىتا سەممىي ئۈمىد كۈتتى ۋە ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىدە ياشلىق باھارى ئارزۇسىنى قاناتلاندۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتۈپ، تىرىشىپ چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئالالايدىغان غەربىي قىسىم قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. غايىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، يۈكسەك ئىرادە باغلاپ، يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنى چىڭىتىپ، باشتىن - ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرىدىن ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك؛ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەپ، ھارماي - تالماي ئۆگىنىپ، زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ۋەتەن قۇرۇلۇشىدىكى يارامىلىق كىشىلەردىن، غوللۇق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشى كېرەك؛ پۇختا قەدەم ئېلىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، شۆھرەتپەرەسلىك قىلماي، قۇرۇق ئىشقا بېرىلمەي، نام - ئاتاق قوغلاشماي، كەمتەر بولۇپ، كۆڭلىنى تۇختىتىپ، يىلتىز تارتىپ، تىرىشىپ غايىلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەردىن بولۇشى كېرەك؛ خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، بۇرچىنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، دۆلەتنى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈشنى ئۆمۈرلۈك ئېتىقادى قىلىپ، توغراقتا ئوخشاش ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيىدىغان، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرىدىغان، چېگرا رايوننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلىنىپ، پارتىيە ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى يېڭىپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى قىزغىن قوللىشى كېرەك.

چۈشتىن كېيىن، چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈش مەزگىلى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تاللىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان سەممىي ئۈمىدنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، باش شۇجىنىڭ كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا سەممىي غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى، شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ خىزمىتى، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئىلمىي كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجىنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك بىرلىكمە كۈچنى يەنىمۇ مۇجەسسەملىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك؛ پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆزى تۇتۇپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل يولداشلار كونكرېت تۇتۇپ، ئالاقىدار تارماقلار تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر پائال قوللاپ ماسلىشىپ، بىرلىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى توغرا بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كۆپ خىللاشقان، خاسلىققا ئىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يانداش كاپالەت تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خىزمەت ئورنىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى قىزغىن قوللاپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىشى، خاتىرجەم خىزمەت قىلىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشى ئۈچۈن سۇپا قۇرۇپ بېرىش، شارائىت يارىتىپ بېرىش، كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا قاتناشتى.